# ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، ئۇدا جەڭ قىلىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، قەتئىي تۈردە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرمىسى ئىنتايىن ئېنىق، نىشان يۆنىلىشى ئىنتايىن ئېنىق بولۇپ، ئاچقۇچ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇشتا. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش توغرىسىدىكى تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىشنى زىچ چۆرىدەپ، قىيىنچىلىقلارغا دادىل يۈزلىنىپ ئىلگىرىلەپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ۋەزىپىلەرنى قەرەلىدە تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى پۈتۈن مەملىكەت بىلەن بىرلىكتە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە كىرگۈزۈش كېرەك.

بىرىنچىدىن، خىزمەت جەزمەن ئەمەلىي بولۇش. دىققەتنى «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»، مۇتلەق نامراتلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، دىققەتنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئېغىر نامرات رايونلار ۋە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار توپقا مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەم ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قالماي، ئۆلچەمنى يۇقىرىلىتىۋەتمەي، كۆزلىمىنى ئاشۇرۇۋەتمەي، ھەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتا ساختىلىق ئىشلەتمەي، ئۆلچەمنى تۆۋەنلىتىۋەتمەي، سۈپەتكە تەسىر يەتكۈزمەي، ھەم ئالدىغا ئۆتۈۋالماي، ھەم قەستەن كەينىگە سۈرمەي، «ئالتىدە دەل جايىدا بولۇش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «يەتتە بىر تۈركۈم» «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى ئالغا سىلجىتىپ، تۇرالغۇ ۋە ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تېز تولۇقلاپ، كەشتە تىكىش ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، قىيىن ئۆتكەل ئىچىدىكى ئەڭ قىيىنىغا ھۇجۇم قىلىش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، جەريان جەزمەن ئەمەلىي بولۇش. ئاپتونوم رايون ئومۇمىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش، شەھەر ـ ناھىيەلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، بەش دەرىجىلىك شۇجىلار بىرلىكتە تۇتۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سۈپىتىنى ئۈستۈرۈشنى باش ئورۇنغا قويۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى مەسئۇلىيەت سىستېمىسى، سىياسەت سىستېمىسى، سېلىنما سىستېمىسى، سەپەرۋەرلىك سىستېمىسى، نازارەتچىلىك سىستېمىسى، تەكشۈرۈپ باھالاش سىستېمىسىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىر قولدا قېپقالغان نامرات ئائىلىلەرنى ئازايتىشنى تۇتۇپ، بىر قولدا نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئائىلىلەرنى مۇستەھكەملەپ يۈكسەلدۈرۈشنى تۇتۇپ، مۇقىم نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىش ۋە يېڭى نامرات ئائىلىنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، نەتىجىلەر جەزمەن ھەقىقىي بولۇش. كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنىلا كۆزلەيدىغان، ساختا خىزمەت نەتىجىسى ئويدۇرۇپ چىقىرىدىغان ئىشلارنى قەتئىي قىلماي، چېكىنىپ چىقىش مېخانىزمىنى چىڭىتىپ، چېكىنىپ چىقىش ئۆتكىلىنى چىڭ ئىگىلەپ، «ساختا شەكىلدىكى» «ھېسابات شەكىلدىكى» «كۆرسەتكۈچ شەكىلدىكى» «تۇراقسىز شەكىلدىكى» نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتىن قاتتىق ساقلىنىپ، نامراتلارنى يۆلەشنى ئىرادە جەھەتتىن يۆلەش، ئەقىل جەھەتتىن يۆلەش بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، نامراتلىقتىن ھەقىقىي قۇتۇلدۇرۇپ، ھەقىقىي نامراتلارنى قۇتۇلدۇرۇش نەتىجە ـ ئۈنۈمنى ھەقىقىي تۈردە ئاممىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتۈرۈپ، ئەمەلىيەت ۋە تارىخنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدىغان قىلىش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، ئىستىل جەزمەن ئەمەلىي بولۇش. ئىستىل ئۆزگەرتىشتە بوشاشقىلىق قىلماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش تەلىپىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، كۆزدىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىشنى پۇرسەت دەپ بىلىپ، نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىسىنى مەخسۇس تۈزەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، شەكىلۋازلىق، بىيوروكراتلىقنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەش، ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

بەشىنچىدىن، ئاساس جەزمەن پۇختا بولۇش. پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ تۈزۈم ـ مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسى ۋە خىزمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش خىزمەت ئىستىلىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. نامرات رايونلاردىكى يېزا ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترەتلىرى، نامراتلارنى يۆلەش «1 ـ شۇجى»لىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى ئاممىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشقا يېتەكلەيدىغان جەڭگىۋار قورغان قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، بىڭتۇەن رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، ئاپتونوم رايون (مەركەز)غا بىۋاسىتە قاراشلىق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىكى مەسئۇل يولداشلار كوللېكتىپ ئۆگىنىشكە قاتناشتى.

## مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى «كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش ـ تەيىنلەش خىزمىتىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش ۋە مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈش چارىسى»نى بېسىپ تارقاتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش ـ تەيىنلەش خىزمىتىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش ۋە مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈش چارىسى» جەمئىي ئون باب، 42 ماددا بولۇپ، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى چۈشەندۈرۈشكە مەسئۇل بولىدۇ.

بۇ چارە 2019 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلدى. 2003 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى بېسىپ تارقاتقان «پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈش ـ تەيىنلەش خىزمىتىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش چارىسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)»، 2010 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى بېسىپ تارقاتقان «پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈش ـ تەيىنلەش خىزمىتىدە مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈش چارىسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)» بىرلا ۋاقىتتا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

# قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، ئىناق يۇرت ـ ماكانىنى ئورتاق قۇرۇپ چىقىش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كەينى ـ كەينىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەر ئوسمانجان ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلغانىدى. ئۇنىڭ ياغاچ جابدۇق دۇكىنى ئىلگىرىكى بەش ـ ئالتە كۋادرات مېتىردىن ھازىرقى 40 كۋادرات مېتىر ئەتراپىغا كېڭەيتىلدى، بۇلتۇر ئۇ يەنە يېڭىدىن 120 كۋادرات مېتىرلىق دۇكان ئاچتى. «ھەر كۈنى مېھمانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ، بەزىدە ئائىلىمىزدىكى ئۈچ ـ تۆت ئادەمنىڭ ھەممىسى يېتىشەلمەي قالىمىز» دېدى ئوسمانجان.

بۇ يىل 1 ـ ئايدىن 4 ـ ئايغىچە، قەشقەر شەھىرى كۈتۈۋالغان ساياھەتچى 1 مىليون 239 مىڭ ئادەم قېتىمغا يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 30.8% ئاشتى. «1 ـ ماي»لىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە 199 مىڭ ئادەم قېتىم ساياھەتچىنى كۈتۈۋېلىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 370.3% ئېشىپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەنى ياراتتى.

قەشقەرلا ئەمەس، قاناستىن تيانشان بوغدا كۆلىگىچە، بايىنبۇلاقتىن تەكلىماكانغىچە ساياھەتچىلەرنىڭ مىغىلداپ كېتىشى نورمال ھالەتكە ئايلىنىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەر شىنجاڭدىن مېھرىنى ئۈزەلمەي قالدى.

مۇقىملىق پايدىسىنىڭ سىجىل قويۇپ بېرىلىشى ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا كۈچلۈك ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى قوشتى. ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت مۇقىم ئادەم ئېقىمى، ئەشيا ئوبوروتى ۋە ئۇچۇر ئېقىمى ئېلىپ كەلدى.

«بۇلتۇر 10 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، بىز 20 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كەسپلەر باغچىسى تۈرى ئۈرۈمچىگە ماكانلاشتى، بۇ تۈر مېتال يېڭى ماتېرىياللىرى تۈرى، يېڭى ئېنېرگىيەلىك ئاپتوموبىل تۈرى ۋە يەر شارىۋى تەمىنلەش زەنجىرى تۈرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ بىزنىڭ 〈بىر بەلباغ، بىر يول〉 لىنىيەسىدە ئېلىپ بارغان مۇھىم ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىمىزنىڭ بىرى» دېدى دۇنيادىكى 500 كۈچلۈك كارخانا جېڭشۆبېي خەلقئارا گۇرۇھى مۇدىرىيىتىنىڭ رەئىسى ۋاڭ ۋېنيىن.

ئەمەلىيەتتە رەسمىي ھەمكارلىشىشتىن ئىلگىرى، ۋاڭ ۋېنيىننىڭ كۆڭلىدە سوئال بەلگىلىرى بار ئىدى: ئۈرۈمچى قانداق؟ بۇ جاي مەبلەغ سېلىپ كەسىپنى گۈللەندۈرۈشكە ماس كېلەمدۇ ـ كەلمەمدۇ؟ ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، بۇ «سوئال بەلگە»لىرى «ئۈندەش بەلگە»لىرىگە ئۆزگەرتىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا كېلىشىم ئىمزالاشتىن ئۆل سېلىشقىچە، بۇ كارخانا 17 كۈنلا سەرپ قىلىپ، شىنجاڭغا ماكانلىشىشنى تېز سۈرئەتتە تاماملىدى.

2018 ـ يىلى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلىدى. رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 6.1% ئاشتى، ئادەتتىكى ئاممىۋى خامچوت كىرىمى 4.5% ئاشتى، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 5.2% ئەتراپىدا ئاشتى، ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىشى مۇۋاپىق ئارىلىقتا ساقلاندى.

ئىقتىساد تەرەققىي قىلىش بىلەن بىللە، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىدىيەۋى تونۇشى، روھىي قىياپىتى، ھەرىكەت شەكلىدىمۇ چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. بۈگۈنكى كۈندە جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا سىرتقا چىقىپ ئىشلەيدىغانلار كۆپەيدى، گىرىم قىلىدىغان ئاياللار كۆپەيدى، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىدىن پۇتۇڭخۇادا سۆزلىيەلەيدىغانلار كۆپەيدى، ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ تۇغقىنى كۆپەيدى، مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى كۆپەيدى... يېڭى قاراش ئاساسىي قاتلامنىڭ يېڭى كەيپىياتىنى بارلىققا كەلتۈردى، يېڭى ئۆزگىرىشلەر يېزىلارغا يېڭى قىياپەت ئېلىپ كەلدى.

### مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ پولات سېپىلى مۇستەھكەملەندى

تىنچلىق، مۇقىملىق كۆپچىلىكنىڭ ئارزۇسى، تېخىمۇ مۇھىمى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ بەخت ـ سائادىتى.

شىنجاڭدا مۇقىملىق پايدىسىنىڭ سىجىل قويۇپ بېرىلىشى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مەركەزنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چۆرىدەپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈشكە، باش نىشاننى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە يېتەكلەشتىكى قەتئىي ئىرادىسى ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتىدىن بولغان.

بەش يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مۇقىملىقنى قوغداشنى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان سىياسىي ۋەزىپە، تەۋسىەن تېگىدىنمۇ ئېغىر سىياسىي مەسئۇلىيەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك ئۈنۈملۈك، ئەسقاتىدىغان ياخشى مېخانىزم، ياخشى تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش «بىرىكمە مۇشت»نى ئېتىپ، باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى. شىنجاڭدا ئۇدا ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلولىرى يۈز بەرمىدى، جەمئىيەت ئامانلىقى ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى.

—— كەسكىن، مۇرەككەپ كۈرەش ۋەزىيىتىگە قارىتا، ئاپتونوم رايونىمىز تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، قاتتىق زەربە بېرىش مەخسۇس كۈرىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، جەمئىيەت قاتلىمىدىن ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سىستېمىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈردى، خەلق ئاممىسىنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز ئاشتى.

—— قەتئىي ھالدا ئىدېئولوگىيە ساھەسىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىنىپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى سىجىل چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇپ، ئاساسىي ئېقىم ساداسى كۈچەيتىلىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى قۇدرەتلىك ئاكتىپ كۈچ مۇجەسسەملەندى.

بەش يىلدىن بۇيان، ئىستىل قۇرۇلۇشى ئارقىلىق پارتىيە ئىستىلى، ھۆكۈمەت ئىستىلى يېڭىلاندى. ھەر مىللەت ئامما بەس ـ بەستە ھاياجانلىنىپ مۇنداق دېدى: كۆپچىلىكنىڭ ئىدىيەۋى قارىشى ئۆزگەردى، روھىي ھالىتى ئۆزگەردى، كادىرلارنىڭ ئىستىلى ئۆزگەردى. كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ئالغا ئىنتىلىش، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش كەڭ كادىرلارنىڭ ئىنتىلىشى ۋە ھالىتىگە ئايلاندى؛ مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە قارىتا، بارغانسېرى كۆپلىگەن كادىر دادىل ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئېغىر مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلدى؛ بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى جەڭ مەيدانىدا، بارغانسېرى كۆپلىگەن كادىر ئاۋانگارتلاردىن بولدى، ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرۈشكە جۈرئەت قىلدى.

بەش يىلدىن بۇيان، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق تۈركۈملىگەن كادىر ساداقىتىنى بىپايان چېگرا رايونغا نەقىشلەپ، چىن مۇھەببەت ئۇرۇقىنى تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا چېچىپ، ئاساسىي قاتلامغا قۇدرەتلىك مۇقىملىقنى قوغداش كۈچى، نامراتلارنى يۆلەش كۈچى، تەرەققىيات كۈچى قوشتى. بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭنىڭ ئاساسىي قاتلاملىرىدا كەنت «ئىككى كومىتېت» بەنزىسى تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىدىغان، مۇقىملىقنى قوغدايدىغان، تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدىغان كۈچلۈك جەڭگىۋار قورغانغا ئايلانماقتا.

بەش يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى يولغا قويۇپ، 1 مىليون 100 مىڭدىن ئارتۇق كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچى ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ ھەر مىللەت ئامما بىلەن قوشماقلىشىپ تۇغقانلاشتى. 2018 ـ يىللا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ھەر مىللەت ئاممىغا داۋالىنىش، ئوقۇش، ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە مىليونلىغان ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىش قىلىپ بەردى. ئاممىنى قوزغاش، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش ئارقىلىق پارتىيەنىڭ شىنجاڭدىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئۇلىنى ئۈزلۈكسىز پۇختىلاپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىككە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان چوڭقۇر قاتلاملىق مەسىلىلەرنى تۈپتىن ھەل قىلىشنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن تەمىنلىدى.

### جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش «مۇقىم بەخت» ئېلىپ كەلدى

ئاقسۇ شەھەرلىك تەجرىبە ئورمانچىلىق مەيدانى تەۋەلىك رايوننى باشقۇرۇش كومىتېتىدىكى شياڭلىن مەھەللىسى شەھەر بىلەن يېزا تۇتاشقان يەرگە جايلاشقان بولۇپ، كۆچمە نوپۇس 90%نى ئىگىلەيدۇ. ئۆيى ئىچكىرى ئۆلكىدە قالغان بۇ «پەسىل قۇشلىرى»نىڭ كۆپىنچىسى سودا كوچىسىدا سودا قىلىدۇ.

5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى دۈشەنبە، مەھەللىدە يىغىن ئېچىلىپ بولغاندىن كېيىن، خۇاڭپېي گەزمال دۇكىنىنىڭ مەسئۇلى يەن گۈيشياڭ قوشنا نەچچە دۇكاننى ئارىلىدى، «لاۋلى، دۇكىنىڭىزنىڭ ئەختىنى ئىشىك ئالدىغا قويماڭ.» «مېھمان كەلسە ئاپتوموبىلنى رەتلىك توختىتىسۇن، قالايمىقان توختاتسا سەت كۆرۈنۈپ قالىدۇ ھەم بىخەتەر بولمايدۇ.» ھەرقايسى دۇكاندىكىلەر بىر ـ بىرلەپ: «يەن ھەدە، بىلدىم» «ھازىرلا قىلىمەن» دەپ جاۋاب بەردى.

بۇ يەردە ئىلگىرى بەش قەدەمدە بىر يايما، ئون قەدەمدە بىر دۆۋە ئەخلەت ئۇچرايتتى. ھازىر دۇكانلار رەتلىك، چىرايلىق، يوللار تۈز، پاكىز. ئاقسۇ شەھىرى دۇكان ئىگىلىرى ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇش مۇلازىمەت ئەندىزىسىنى قوللىنىش ئارقىلىق سودا كوچىسى رايوندا «پۈتۈننى پارچە قىلدى»، دۇكاندارلار بىرلىكتە مۇھتىنى تۈزدى، بىرلىكتە تەرەققىياتنى پىلانلىدى. بۈگۈنكى كۈندە، مەھەللە كادىرلىرى «دۇكاندارلارنىڭ خىزمەتلىرىنى تېخىمۇ قوللاۋاتقانلىقى»نى ھېس قىلدى، دۇكاندارلار «ئىشلارنى باشقۇرىدىغانغا ئادەم بار بولدى» دەپ ئىنكاس قىلىشتى.

بەش يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز دادىل ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىپ، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق ئىدارە قىلىش، ئورتاق بەھرىلىنىشتىن ئىبارەت جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش ئەندىزىسىنى تىرىشىپ شەكىللەندۈردى. «چوڭ ـ كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەم بار، بۇ بىزنىڭ ئورتاق يۇرت ـ ماكانىمىز بولغاچقا، كۆپچىلىكنىڭ بىرلىكتە قوغدىشىغا موھتاج» دېدى يەن گۈيشياڭ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىز پارتكوم رەھبەرلىك قىلىدىغان، ھۆكۈمەت مەسئۇل بولىدىغان، جەمئىيەت ماسلىشىدىغان، ئامما قاتنىشىدىغان، قانۇنچىللىق كاپالەتلىك قىلىدىغان جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش تۈزۈلمىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاممىنى تايانچ قىلىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئىشنى ئاساسىي قاتلامدا بېجىرىشتە چىڭ تۇرۇپ، جەمئىيەتتىكى كۈچلەرنى جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىشقا قاتنىشىشقا يېتەكلىدى ۋە ئۇنىڭغا تۈرتكە بولدى.

سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى پارتىيە ئىشلىرى، ھۆكۈمەت ئىشلىرى، مالىيە ئىشلىرىدىن ئىبارەت ئۈچنى ئاشكارىلاشنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، كەنت «ئىككى كومىتېت»نىڭ تەدبىر بەلگىلەش، ئىشلارنى كېڭىشىش تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، كەنت قائىدىسى، خەلق ئەھدىنامىسى، مەھەللە ئەھدىنامىسى تۈزۈپ، ئاممىنى «ھەممىنى ئېنىق بىلىدىغان» خوجايىنغا، «پاك ئىش قىلىدىغان» باش رولچىغا ئايلاندۇردى؛ خوتەن ۋىلايىتى جەمئىيەت، ھەمكارلىق كوپىراتىپى قاتارلىق ئاممىنى ئۆزى ئىدارە قىلىپ، ئۆزى باشقۇرىدىغان تەشكىلاتتىن 8600دىن كۆپرەكنى قۇرۇشقا تۈرتكە بولدى؛ قومۇل شەھىرى بازار، مەدەنىيەت پائالىيەت ئۆيى قاتارلىق ئامما دائىم توپلىشىدىغان ئورۇنلاردا «ئائىلىلەرنىڭ ئىشلارنى ئىنكاس قىلىش نۇقتىسى»دىن 586نى تەسىس قىلىپ، بىر قاتار «ئەلرايى يېشىل يولى»، بىر تۈركۈم «ئىشلارنى ئىنكاس قىلىش دائىرىسى»نى شەكىللەندۈرۈپ، نۇرغۇن زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى ئاساسىي قاتلامدا ھەل قىلدى.

بەش يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش ساھەسى ئىسلاھاتىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ، جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى ھەم بىر قاتار چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. جەمئىيەتنى ئۈنۈملۈك ئىدارە قىلىش «مۇقىم بەخت» ئېلىپ كەلدى.